# پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ئىت سېتىپ تاپقان پۇلدىن، جىسمىنى سېتىپ تاپقان پۇلدىن، جىنكەشلىك قىلىپ تاپقان پۇلدىن چەكلىدى

ئەبۇ مەسئۇد ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ئىت سېتىپ تاپقان پۇلدىن، جىسمىنى سېتىپ تاپقان پۇلدىن، جىنكەشلىك قىلىپ تاپقان پۇلدىن چەكلىدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رىزىق تەلەپ قىلىشنىڭ نۇرغۇنلىغان ئېسىل، شەرەپلىك ۋە پاك يوللىرى مەۋجۇتتۇر، ئاللاھ تائالا بۇ يوللارنى بۇزۇق، پەسكەش يوللارنىڭ ئورنىدا قىلىپ بەردى. باشتىكى يوللار ئىككىنچىسىنىڭ ئورنىنى باسالايدىغان ۋە ئىككىنچىسىنىڭ بۇزۇقچىلىقى ئۇنىڭدىكى پايدىغا توغرا كەلمەيدىغان بولغاچقا، شەرىئەت ناچار ۋەسىلىلەر ئارقىلىق پۇل تېپىشنى ھارام قىلدى. بۇلارنىڭ جۈملىسىدىن: 1- ئىت ساتقان پۇل. چۈنكى ئىتنىڭ مەينەتلىكىدە ھېچ شەك يوقتۇر. 2- پاھىشە ئايال ئۆزىنىڭ، دىن ۋە دۇنيانى بۇزىدىغان جىنايىتىنىڭ بەدىلىگە ئالىدىغان پۇلى. 3- شۇنىڭغا ئوخشاش، جىنكەش ئالدامچىلارنىڭ، غەيىبنى بىلىدىغانلىقنى، باشقا نەرسىلەرگە كۈچى يېتىدىغانلىقىنى داۋا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدامچىلىقى ئارقىلىق كىشىلەرگە بەزى نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق ئېلىۋېلىش ۋە باتىل يول بىلەن ئۇ مالنى يېيىش ئۈچۈن ئالىدىغان پۇلى. بۇ پۇل تېپىش يوللىرىنىڭ ھەممىسى دۇرۇس ئەمەس ناچار يوللاردۇر. ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالا ئۇنىڭ ئورنىغا نۇرغۇنلىغان پاك - شەرەپلىك يوللارنى ئالماشتۇرۇپ بەردى



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee